# 38579 ـ قەي قىلىپ قەيىنىڭ بەزىسى مەقسەتسىز ئاشقازانغا قايتسا بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ

**سۇئال**

مەن ھامىلدارلىقنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا، رامىزان ئېيىدا كۆپ قەي قىلدىم، بەزى ۋاقىتتا شام نامىزىغا ئاز قالغاندا قەي قىلىمەن، بەزى ۋاقىتتا قەيىنىڭ ئاشقازىنىمغا قايتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قەستەن قەي قىلسا روزىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق، ئەگەر ئىختىيارسىز قەي قىلسا بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. [ئىبنى مۇنزىر ۋە خەتتابى زىكىر قىلغان. "ئەلمۇغنى"ناملىق ئەسەر 4-توم 368-بەت].

بۇنىڭ ھەدىستىن بولغان دەلىلى: ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىختىيارسىز قەي قىلغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، قەستەن قەي قىلغان كىشى روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. [تىرمىزى رىۋايىتى 720-ھەدىس]. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالار توپلىمى 20-توم 266-بەتتە قەي توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "قەستەن قەي قىلسا روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئىختىيارسىز قەي قىلسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ".

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: روزىدار كىشى ئىختىيارسىز قەي قىلغان بولسا ئۇ كىشى شۇ كۈنلۈك روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "ئۇ كىشى ئىختىيارسىز قەي قىلغان بولسا قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ، ئەمما قەستەن قەي قىلغان بولسا قازاسىنى قىلىدۇ"، دەپ يۇقىرىقى ھەدىسنى دەلىل قىلغان.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ روزا توغرىسىدىكى پەتىۋالار ناملىق ئەسىرىنىڭ 231-بېتىدە: رامىزاندا قەي قىلسا روزىسى بۇزۇلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئەگەر قەستەن قەي قىلسا روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئىختىيارسىز قەي قىلغان بولسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ" دەپ بۇنىڭغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس بىلەن ئەبۇ ھۆرەيرە

رەزيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى دەلىل قىلغان.

ئەگەر ئىختىيارلىقىڭىزسىز قەي قىلغان بولسىڭىز روزىڭىز بۇزۇلمايدۇ، ئەگەر بىر كىشى ئاشقازىنىنىڭ كۆپتۈرىلىۋاتقانلىقى ۋە بىر ئازدىن كېيىن قەي قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ كىشىگە: قەي قىلماسلىقىڭىز كېرەك دەيمىزمۇ؟ ياق، ياكى چېقىرىۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك دەيمىزمۇ؟ياق، لېكىن بىز: سىز نورمال تۇرۇڭ، قەي قىلماڭ ۋە قەيىنىمۇ چەكلەپ قويماڭ، ئەگەر سىز قەستەن قەي قىلسىڭىز روزىڭىزنى بۇزسىز، قەي قىلىشنى چەكلەپ قويسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە زىيان يېتىدۇ، ئىختىيارىغا قويۇڭ، تەبىئىي چىقسا روزىمۇ بۇزۇلمايدۇ، سالامەتلىككە زىيانمۇ يەتمەيدۇ، دەيمىز.

ئىككىنچى: ئىنسان قەي قىلىپ ئىختىيارلىقسىز ئاشقازىنىغا قايتىپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ، چۈنكى قەي ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارلىقسىز قايتتى.

دائىمىي كومىتېتى ئۆلىمالىرى 10/ 254-نومۇرلۇق سوئالدا: روزا تۇتقۇچى قەي قىلىپ، ئاندىن ئىختىيارسىز قەينى يۇتۇۋەتسە روزىسى بۇزۇلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئەگەر قەستەن قەي قىلغان بولسا روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئىختىيارسىز قەي قىلغان بولسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئىختىيارسىز يۇتىۋەتكەن بولسا ئۇنىڭ بىلەنمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.